

# مارشال لو رۇڭخۇەن

# مارشال لو روڭخۇەن

جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى مۇزېيى تۈزگەن

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

[قىسقىچە مەزمۇنى] مارشال لو رۇڭخۇەن (1902 — 1963) ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ۋە ھەربى ئالىم، پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرىدىن بىرى. بۇ كىتاپچىدە قىممەتلىك تارىخىي سۈرەت - رەسىملەر ۋە مەدىنى يادىكارلىقلار ئارقىلىق، مارشال لو رۇڭخۇەنىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش داۋامىدا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئارمىيىسىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلارنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولۇپمۇ ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە كۆرسەتكەن ئۆچمەس خىزمىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

مارشال لو رۇڭخۇەنىنىڭ ھاياتى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ۋە كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھايات. ئۇ بىز مەڭگۈ ئۆگىنىدىغان شانلىق ئۈلگە.

www.uyghurkitap.com



(1) لو رۇڭخۇەن 1902 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خۇنەن ئۆلكىسى خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ خەنشۇي يېزىسى يۈشىڭ جېڭدىكى نەنۋەن كەنتىدە تۇغۇلدى. دادىسى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئازراق يېرى بار ئىدى، كېيىن باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ كەتتى.




(2) ئانىسى
خې شى مەدىكار-
نىڭ قىزى بولۇپ،
ئاقكۆڭۈل، قەيسەر
ئايال ئىدى. ئۇ
ئوغلىغا ھەم كۆيۈ-
نەتتى ھەم قاتتىق
تەلەپ قوياتتى.
ئۇنىڭ پەزىلىتى
ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان
لو رۇڭخۇەنگە قات-
تىق تەسىر كۆر-
سەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(3) لو رۇڭخۇەن دائىم مەدىكارلىق قىلدىغان تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تاغىسىنىڭ باللىرى بىلەن بىرلىكتە تاققا چىقىپ ئوتۇن كېسەتتى، ئوت ـ چۆپ ئوراتتى، كالا باقاتتى.




(4) لو رۇڭ-
خۇەن ئۇقۇغان تىل
دەرسلىكى. ئۇ 8
يېشىدا خۇسۇسى
مەكتەپتە ئۇقۇدى،
12 يېشىدا باشلان-
غۇچ مەكتەپكە
كىردى.




(5) لۇرۇڭخۇەننىڭ بىلىم ئېلىش روھى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ دائىم چىراق تۈۋىدە يېرىم كېچىگىچە ئۆگىنەتتى. تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، چۈشتە باشقىلار چۈشلۈك دەم ئېلىشقا كەتتى. ئۇ مەكتەپ ئالدىدىكى كۆلچەك يېنىدىكى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ كىتاپ كۆرۈۋېتىپ، تولىمۇ چارچاپ كەتكەچكە كۆلچەككە چۈشۈپ كەتتى.



(6) لو رۇڭخۇەن تەبىئى پەنلەرنى ياخشى كۆرەتتى، يۇرتىدىكى بەزى خۇراپاتلىققا دائىر رىۋايەتلەرگە قارىتا، ئۇنىڭدا بارا ـ بارا گۇمان پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ساۋاقدىشى بىلەن گۆەندى بۇتىنىڭ قوسىقىغا قاچىلانغان تۇز، چاي ۋە گۇرۇچلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كالا تېزەكلىرىنى تىقىپ قويدى. كېيىن گۆەندى بۇت بۇ ئىش ئۈچۈن كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئاپەتمۇ ياغدۇرمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جىن ـ شەيتان، ئىلاھ ـ ئەرۋاھلارغا تېخىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولدى.

www.uyghurkitap.com




(7) 1919 - يىلى كۆزدە لو رۇڭخۇەن ئىنقىلاۋى ياش لىۇ جىشۇن قاتارلىقلار ئاچقان چاڭشا شىېجۇن ئوتتۇرا مەكتەۋىگە كىرىپ ئوقۇدى. شۇ يىلى جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزىمغا قارشى "4 - ماي" ئىنقىلاۋى ھەركىتى پارتلاپ، ئىلغار ئىدىيىلەر كەڭ تارقالدى. ئۇ تەرەققىپەرۋەر پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى.



(8) دېخانلار
كەچكۇرسىنىڭ كونا
ئورنى. لو رۇڭ-
خۇەن "ۋەتەننى
مائارىپ ئارقىلىق
قۇتقۇزۇش" ئىدد-
يىسىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغاچقا، بىر-
قانچە ساۋاقدىشىنى
يىغىپ، تەتىل مەز-
گىلىدە، يۇرتىدا
دېخانلار كەچ-
كۇرسى ئېچىپ،
يېڭى ئىدىيىلەرنى
تەشۋىق قىلىپ،
ئاممىنىڭ تازا ئال-
قىشىغا ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



(9) لو رۇڭ-
خۇەن چىڭداۋ
داشۆۋەە. 1924 -
يىلى، لو رۇڭخۇەن
22 يېشىدا خۇسۇ-
سلار ئاچقان چىڭ-
داۋ داشۆنىڭ تېخ-
نىكا پەنلىرى تەي-
يارلىق بۆلۈمىگە
ئىمتىھان بېرىپ
كىردى. بۇ يەردە،
ئۇ تاجاۋۇزچى
ياپون جاھانگىرلىگ-
نىڭ ئىبلىس قولىنى
زېمىنىمىزغا سوزۇ-
ۋاتقانلىغىنى
كۆرۈپ، ۋەتىنىمىز-
نىڭ ئىستىقبالىدىن
تېخىمۇ قايغۇردى.



(10) چىڭداۋ داشۆدە ئوقۇۋاتـقان چاغدا، لو رۇڭخۇەن ”ۋەتەننى سـودا ـ سـانائەت ئارقىلىق قۇتقۇزۇش“ يولىدا ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئەجنەبىي ماللارنى تۇسۇش ئۇچۇن، ئۇساۋاقداشلىرى بىلەن ”سەنمىن سـودا ـ سـانائەت كـوپـېراتىۋى“ قۇرۇپ، سوپۇن، سىيا، دورا پاختىسى قاتارلىق ئىستىمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقاردى. لېكىن بىر يىلغا يەتمەيلا بۇ كوپېراتىپ ئىشتىن توختىدى، ھەتتا دەسمايىسىمۇ قايتۇرۇۋالالمىدى.



(11) لو رۇڭخۇەن چىڭداۋ داشۆ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇل-
لىرىدىن بىرى ئىدى. 1925 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ياپونىيە، ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىرى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ، چىڭداۋ، شاڭخەي ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىنى
باستۇرۇپ، "چىڭداۋ پاجىئەسى"، شاڭخەي "30 ـ ماي" پاجىئەسىنى پەيدا
قىلدى. لو رۇڭخۇەن كۇرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ
تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ئويۇن قويۇپ ئىئانە يىغىپ، ئىككى جاي-
دىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىغا مەدەت بەردى.



(12) جوڭگونىڭ نىجاتلىق يولى نەدە؟ ۋەتەننى مائارىپ ئارقىلىق قۇتـ
قۇزۇش، سودا ـ سانائەت ئارقىلىق قۇتـقۇزۇش...... دىگەنلەرنىڭ ھىچقايـ
ـسىسى ئاقمىدى. لورۇڭخۇەن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان ھالدا ساۋاقـ
داشلىرىغا: "ئەھۋالدىن قارىغانـدا، ھازىر ئالـدى بىلەن قەبىھ كۈچلەرگە
قارشى كۈرەش قىلىش كىرەك، بولـمىسا ھىچقانـداق ئىشنى باشقا ئېلىپ
چىققىلى بولمايدۇ" دىدى.




www.uyghurkitap.com

(13) لو رۇڭخۇەن ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن، 1926 ـ يىلى يازدا، ئەينى زاماندىكى ئىنقىلاپ مەركىزى بولغان گۇاڭجۇغا كەلدى. ئۇ ئىنقىلاۋىي كىتاپلارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغاندىلا جۇڭگونى قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى پەيدىنپەي چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە ئاتلىنىشقا بەل باغلىدى.




(14) 1926 ـ يىلى كۈزدە، لو رۇڭخۇەن گۇاڭجۇدىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، دىخانلار ھەركىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئاممىنى باشلاپ دىخانلار جەمىيىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە بالىلار ئۆمىكىنى قۇرۇپ، سۇشتۇمزورلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.




(15) 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىستلار ۋە ئىنقىلاۋىي ئىرادىلىك زاتلار ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىدە جىددىي بۇرۇلۇش بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(16) ۋۇچاڭ شەھىرىدىكى جوڭشەن داشۆنىڭ كونا ئورنى. 1927 ـ يىل 4 ـ ئايدا، لو رۇڭخۇەن ۋۇچاڭ شەھىرىدىكى جوڭشەن داشۆگە كىرىپ ئوقۇدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئىنقىلاپنىڭ بۇ جىددى پەيتىدە، لو رۇڭخۇەن باتۇرلۇق بىلەن سىناقنى كۆتۈۋېلىپ، قەتئىي ھالدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى، ئۇزاق ئۆتمەي كومپارتىيىگە ئەزا بولدى.




(17) "7 ـ ئاۋ-
غۇست" يىغىنىنىڭ
كونا ئورنى. 1927 ـ
يىل 8 ـ ئاينىڭ
7 ـ كۈنى، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى
خەنكۇدا جىددىي
يىغىن چاقىرىپ،
گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىگە قورال-
لىق قارشى تۇرۇش
دىگەن باش فاڭجېن-
نى بەلگىلەپ،
كۈزلۈك يىغىم قوز-
غىلىڭىنى قوزغاشنى
قارار قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




(18) لو رۇڭخۇەن خۇبېيدىكى تۇڭچىڭ، چۇڭياڭ دىخانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى، ′دىخانلار قوزغىلىش قوشۇنىنىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولدى. كېيىن، يۈز نەچچە كىشىلىك قوزغىلىش قوشۇنىنى باشلاپ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شيۇشۇي دىگەن يېرىگە كېلىپ پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان سابىق ۋۇچاڭ مىللى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى بىلەن ئۇچراشتى، قوزغىلىش قوشۇنى مۇشۇ تۈەنىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت لىيەنى قىلىپ تەشكىللەندى. ئۇ مۇشۇ لىيەنىنىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى



(19) كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىغا قاتناشقان بىر قىسىم خادىملار بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت. 1927يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، لو رۇڭخۇەن (سولدىن 7 ـ كىشى) ۋۇچاڭ مىللى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنى بىلەن بىر-لىكتە يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم رەھبەرلىك قىلغان خۇنەن ـ جياڭشى چېگرىسىدىكى كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىغا قاتناشتى.




(20) سەنۋەن كەنتى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قىسىم جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يۇڭشىن ناھىيىسىدىكى سەنۋەن كەنتىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، ئەسلىدىكى ئىشچى ـ دېخان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ شىسى بىر تۇەن قىلىپ تەشكىللەندى. لو رۇڭخۇەن يەنىلا ئالاھىدە خىزمەت لىيەنىنىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(21) جىڭگاڭشەن كۈرىشىگە قاتناشقان بىر قىسىم خادىملار بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت. سەنۇەندىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن كېيىن، لو رۇڭخۇەن (ئالدىنقى رەت، سولدىن 1 ـ كىشى) ماۋ زېدۇڭغا ئەگىشىپ جىڭگاڭشەنگە چىقتى. جىڭگاڭشەن تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلىش كۈرىشىدە، ئۇ لىيەنىنىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولدى.



(22) جىڭگاڭشەندە ئۇچرىشىش. 1928 ـ يىل 4 ـ ئايدا، جۇ دې قاتار-
لىقلار باشلىغان نەنچاڭ قوزغىلىڭىدا ساقلىنىپ قالغان قىسىم ۋە جەنۇبىي
خۇنەن دېھقانلار قوشۇنى ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىك قىلغان قىسىم بىلەن نىڭگاڭ
ناھىيىسىنىڭ لۇڭشى دېگەن يېرىدە ئۇچرىشىپ، ئىشچى ـ دېھقان ئىنقىلاۋىي
ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ جۇنى بولۇپ تەشكىللەندى. لو رۇڭخۇەن 31 ـ تۇەن 3 ـ
يىڭنىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولدى.




(23) پارتىيە ياچېيكىسى لېيەن-دۈينىڭ جەڭگىۋار قورغىنى. لو رۇڭ-خۇەن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يول-يورۇغىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئەس-كەرلەر ئىچىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىز-مىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىدد-يىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر ئىشلەپ، لېيەندۈيلەردىكى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەمۇ-نىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن لېيەننىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(24) لو روڭ-
خوۋەن جەڭدە
باتۇرلۇق قىلىدى-
غان، جاپا چېكىشتە
ئالدىدا تۇرىدىغان،
خىزمەتنى چوڭقۇر
ئىشلەيدىغان، قول
ئاستىدىكىلەرگە
كۆڭۈل بۆلىدىغان
بولغاچقا پۈتۈن
يىڭدىكى كوماندىر-
جەڭچىلەرنىڭ
ئىززەت-ھۆرمىتىگە
سازاۋەر بولدى.
ئۇ باشلىغان 3-
يىڭ يىمىرىلمەس
نەمۇنىچى يىڭ
دەپ تەرىپلەندى.



www.uyghurkitap.com

(25) دۈشمەننىڭ جىڭگاڭشەنگە قاراتقان قاملىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، 1929 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۈنى جەنۇبىي جياڭشى، غەربىي فۇجيەنگە يۈرۈش قىلدى. بۇ مەزگىلدە يولداش لو رۇڭخۇەن شۆبە دۈينىڭ پارتىيە ۋەكلى بولدى.




(26) مېيشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قوۋۇغى. 1929-يىلى 10-ئايدا، قىزىل ئارمىيە 4-جۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭجياڭ دىگەن يېرىدىگە ھۇجۇم قىلدى، مېيشەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، لو رۇڭخۇەن قىسمىنى باشلاپ شىمالىي قوۋۇقنى ئېلىشتا بىلى قاتتىق يارىلاندى. دوختۇر كەم، دورا قىس بولغاچقا، ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىداپ نەچچە يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ، غەربىي فۇجيەندىكى چاڭتىڭغا كەلگەندە، ئاندىن بالنىستا يېتىپ داۋالاندى.



www.uyghurkitap.com

(27) 1929 ـ يىل 12 ـ ئايدا، فۇجيەن ئۆلكىسى شاڭگاڭ ناھىيىسىنىڭ گۇتيەن جېڭىدا، لو رۇڭخۇەن يولداش ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان 4 ـ جۈننىڭ پارتىيە 9 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئالدىدا، ئۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەھۋال تەكشۈرۈش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە پائال ياردەم بېرىپ، يېڭى تىپتىكى خەلق ئارمىيىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.




(28) گۇتيەن يىغىنىدىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۇننىڭ ئالدىنقى سەپ كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتقا يوللىغان دوكلادىدا: ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەۋاتقان يولداش لو رۇڭخۇەن قاتارلىق 5 يولداش "كۆز قارىشى توغرا، كۆرەشتە ئاكتىپ"بولغانلىقى ئۈچۈن، يىغىندا قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۇننىڭ ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، دېيىلگەن. ئارقىدىنلا، ئۇ 2 ـ كالۇننىڭ سىياسىي كومىسارى بولۇپ تەيىنلەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(29) 1930 ـ يىل 6 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيە 1 ـ جۈنتۇەنى قۇرۇلدى، لو رۇڭخۇەن 4 ـ جۈننىڭ سىياسى كومىسارى بولدى. 1930 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1931 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە، جياڭ جېيشى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ مەركىزىي ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىغا قارىتا 3 قېتىم "قورشاپ يوقىتىش" ئېلىپ باردى. "قورشاپ يوقىتىش"قا قارشى كۈرەشتە، لو رۇڭخۇەن قىسمنى باشلاپ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى.



(30) 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، قىسىمدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىشتا كېڭەيتىۋېتىش خاتالىغى يۈز بەردى. سىياسىي كومىسسار لو رۇڭخۇەن سىياسەتنى ئىگەللەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، قولغا ئېلىنغان نۇر-غۇن بىگۇنا يولداشلارنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويۇپ بەردى.



中國工農紅軍第一軍團政治部城市佈告

紅軍是工農的武裝為堅決執行土地革命推翻封建剝削與國民黨的


主任羅榮桓

三二年 月 日

(31) 1932 - يىلى ئەتىيازدا، لو رۇڭخۇەن قىزىل ئارمىيە 1 - جۇنتۇەنى سىياسى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ تۇرلۇك ئۇسۇللار، ئارقىلىق سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، قىسىملارنى ئاممىنى قوزغاشقا ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن 1 - جۇنتۇەنىنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى.



(32) 1933 ـ يىلى، لو رۇڭخۇەن ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ، جياڭشى ئۆل-
كىلىك ھەربى رايون سىياسى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، باش سىياسى بۆلۈمىنىڭ
تەپتىشى، سەپەرۋەر قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ
ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ مىڭنىڭ "سول"چىللىق خاتالىقىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرى-
غان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، قىزىل
ئارمىيىنى كېڭەيتىشكە رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىدە قالتىس نەتىجە يارات-
قانلىقى ئۈچۈن، كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

(33) 1934 ـ يىل 10 ـ ئايدا، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە فۇجيەنىنىڭ چاڭتىڭ ۋە جياڭشىنىڭ رۇيجىن قاتارلىق جايلىرىدىن يولغا چىقىپ، ئۇزۇن سەپەرنى باشلىدى. ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا، لو رۇڭخۇەن ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ 8 ـ جۈنتۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ تەپتىشى، 3 ـ جۈنتۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.




(34) ئۇزۇن سەپەردە، چەكسىز خىيىم ـ خەتەرلەر ئۇچرىدى. يولداش لو رۇڭخۇەننىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمما كۈرەش ئىرادىسى ئۈستۈن، ئىشەنچىسى كامىل بولدى. ئۇ ھالاۋەتتىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ جەڭچىلەر بىلەن بىللە بولۇپ، ھەممە جاي ۋە ھەر ۋاقىت ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەپ، كۆپچىلىكنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(35) 1935 ـ
يىل 6 ـ ئايدا،
قىزىل ئارمىيىنىڭ
1 ـ يۈنۈلۈش ئار-
مىيىسى سىچۈەن
ئۆلكىسىنىڭ ماۋگۇڭ
دېگەن يېرىدە قى-
زىل ئارمىيىنىڭ 4-
يۈنۈلۈش ئارمىيە-
سى بىلەن ئۇچراش-
تى. لو رۇڭخۇەن1-
جۇنتۇەن سىياسى
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرلىقىغا تەيىن-
لەندى. ئۇ پارتىيە-
نىڭ داۋاملىق
تۇردە شىمالغا
يۈرۈش قىلىش دېگەن توغرا فاڭجېنىنى قەتئى ھىمايە قىلىپ،
قىسىم بىلەن بىللە ئۇزۇن سەپەرنى داۋاملاشتۇردى.



(36) 1 ـ يۆنۈلۈش ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى شىمالىي شەن‑
شىدە بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى. 1935 ـ يىل 10 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ
1 ـ يۆنۈلۈش ئارمىيىسى شىمالىي شەنشى قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شەنشى
ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچى بازىرىدا ئۇچرىشىشى بىلەن بىر يىل داۋام قىلغان 25
مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر غەلىبىلىك ئاياقلاشتى.



(37) ئۇزۇن سەپەر ئاياقلاشقاندىن كېيىن، لو رۇڭخۇەننىڭ (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) شىمالىي شەنشىدە دېڭ شياۋپىڭ (سولدىن 2 ـ كىشى) ياڭ شاڭكۇن (سولدىن 3 ـ كىشى) خۇاڭ كېچىڭ (ئوڭدىن 3 ـ كىشى) قاتارلىق يولداشلار بىلەن چۈشكەن سۈرىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(38) 1936 ـ يىل 2 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. لو رۇڭخۇەن (سولدىن 2 ـ كىشى) پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىش، قىسمنىڭ يۈرۈش قىلىش داۋامىدىكى سىياسىي خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1 ـ جۈنتۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ خادىملىرىنى باشلاپ ھەممىدىن ئاۋال خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




(39) قىسمدا ياشلار كۆپ ئىدى، لو رۇڭخۇەن (ئالدىنقى رەت، ئوڭ-
دىن 1 ـ كىشى) كۆپچىلىككە رەھبەرلىك قىلىپ خىلمۇ ـ خىل مەدىنى كۆڭۈل
ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغاچقا، قىسمنىڭ كەيپىياتى
روھلۇق ـ كۆترەڭگۈ بولدى.




(40) 1936 ـ يىل 6 ـ ئايدا، مەركىزىي ھەربى كومىتېت قىزىل ئارمىيە داشۆسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. لو رۇڭخۇەن قىزىل ئارمىيە داشۆسىگە ئۆگىنىشكە كىردى ھەمدە قوشۇمچە داشۆنىڭ 1 ـ بۆلۈمىنىڭ سىياسى كومىسارى بولدى. ئۇ چىقىشقاق ئىدى، دەرستە، كۆڭۈل ئېچىشتا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى تادرىسى
www.uyghurkitap.com



(41) لو رۇڭخۇەن (سولدىن 3 ـ كىشى) قىزىل ئارمىيە داشۆسىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە تاقىقا چىقىش داۋامىدا دەم ئېلىۋاتىدۇ.



(42) 1937 ـ
يىل 1 ـ ئايدا، لو
رۇڭخۇەن قىزىل
ئارمىيە ئارقا سەپ
سىياسى بۆلۈمىنىڭ
مۇدىرلىقىغا تەيىن ـ
لەندى؛ شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا
قىزىل ئارمىيە
داشۆسىدە ئوقۇت ـ
قۇچىلىق قىلىپ
جۇڭگونىڭ يېقىنقى
زامان تارىخىدىن
دەرس ئۆتتى
ھەمدە سىياسى
دەرسلىك تۈزۈشكە
قاتناشتى.



(43) 1937 ـ يىل 4 ـ ئايدا، يول ـ داش لو رۇڭخۇەن قىزىل ئارمىيە داشۆسى 1 ـ بۆلۈمد ـ نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت.

www.uyghurkitap.com



(44) 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ياپون جاھانگىرلىگى لۇگو ـ چياۋغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. لو رۇڭخۇەن (ئالدىنقى رەت، ئوڭدىن 5 ـ كىشى) 1 ـ جۇنتۇەنگە يۆتكىلىپ سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(45) لوچۇەن يىغىنىنىڭ كونا ئورنى. 1937 ـ يىل 8 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي شەنشىنىڭ لوچۇەن دېگەن يېرىدە سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى "بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش" دەپ بەلگىلەندى.




(46) 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھاسىل قىلغان كېلىشىمگە ئاساسەن، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قىسىمى مىللىي ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ 8 ـ ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا 115 ـ شى، 120 ـ شى، 129 ـ شىلەر قارىدى. لو روڭخۇەن 115 ـ شى سىياسىي بۆلۈمى (شۇ چاغدا سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسى دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ مۇدىرى بولدى.



(47) قىزىل ئارمىيە ئاساسىي قىسمى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، لو رۇڭخۇەن لىن بىياۋ شىجاڭ، نىې رۇڭجېن مۇئاۋىن شىجاڭ (كېيىن سىياسىي كومىسسار بولغان) بولغان 115 ـ شىنى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شەنشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى.

www.uyghurkitap.com



(48) لو رۇڭخۇەن شىمالغا يۈرۈش ئۈستىدە ئاكىسىغا يازغان خېتىدە
مۇنداق دېدى: "ھازىر مەن ئارمىيە بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئۈچۈن شىمالغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن
ئائىلىمىزدىن تېخىمۇ خەۋەر ئالالمايدىغان بولدۇم، بۇ مېنىڭ رەھىمسىزلى-
گىمدىن ئەمەس، بۇ ھەقىقەتەن ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا ئاپەت چۈشكەنلىكىدىن
بولۇۋاتىدۇ...". بۇ يولداش لو رۇڭخۇەننىڭ دۆلەت، مىللەت مەنپەئەتىنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئالىجاناپ پەزىلىتىنى ئىپادىلىدى.




www.uyghurkitap.com

(49) 9 ـ ئاي-دا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ" تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلىپ ئاممىنى قوز-غاشنى ئاساس قىلىش" توغرىسى-دىكى يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، لو رۇڭ-خۇەن 115 ـ شىنىڭ بىر قىسمىنى باش-لاپ، سەنشى بىلەن خېبېي تۇتاشقان جاي ــ فۇپىڭ رايو-نىغا بېرىپ ئاممىۋى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، كېيىن سەنشى ـ چاخار ـ خېبېي تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەردى.



(50) 1937 ـ
يىل 9 ـ ئاينىڭ
25 ـ كۈنى، 115 ـ
شى پىڭشىڭگۇەن-
دىكى جەڭدە
تۈنجى قېتىم غەلىبە
قازاندى. ئاساسىي
قىسىم جېڭدىك ـ
تەيۈەن تۆمۈر-
يولى بويلىرىدا ۋە
غەربىي سەنشى
تەرەپلەردە ئىلد-
نىپ يۈرۈپ ئۇرۇش
قىلدى. 1938 ـ
يىل ئەتىيازدا، لىن
بياۋ يارىلىنىپ
قىسمدىن كەتتى،
لو رۇڭخۇەن 115 ـ شىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.
كېيىن ئۇ مۇشۇ شىنىڭ سىياسى كومىسارى بولدى.



www.uyghurkitap.com

(51) لو رۇڭخۇەن 115 ـ شى 343 ـ لۈيەندىكى بىر قىسىم رەھبەرىي يولداشلار بىلەن غەربىي سەنشىدە. 1938 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ياپون ئارمىيىسىنىڭ خۇاڭخې دەرياسى كېچىگىنى ئىشغال قىلىپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا تەھدىت سېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، لو رۇڭخۇەن بىلەن مۇۋەققەت شىجاڭ چېن گۇاڭ قاتارلىقلار 115 ـ شىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، غەربىي سەنشىدە ۋۇچېڭ، جىڭگو قاتارلىق جايلاردىكى جەڭلەرنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.




(52) لو رۇڭخۇەن مۇۋەققەت شىجاڭ چېن گۇاڭ بىلەن 115 ـ شىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى باشلاپ غەربىي سەنشىدىكى فېنياڭ، شياۋيى تەرەپلەردە ئاممىنى قوزغاپ، لۇلياڭشەن تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى.




(53) 1938 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ياپون ئارمىيىسى فېنياڭ ـ لىشى تاش يولىنى بويلاپ غەربكە تاجاۋۇز قىلىپ، يەنە بىر قېتىم خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇندى. لو رۇڭخۇەن "شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى قوغدايلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغدايلى" دىگەن چاقىرىقنى چىقىرىپ، چېن گۇاڭ قاتارلىقلار بىلەن قىسمنى پىشترما قىلىپ ياپون ئارمىيىسىگە زەربە بېرىشكە قوماندانلىق قىلدى، نەتىجىدە 3 قېتىملىق جەڭنىڭ ئۈچىلىسىدە غەلىبە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(54) 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدا، يولداش لو رۇڭخۇەن يەنئەنگە كېلىپ پارتىيە 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يىغىندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان 115 ـ شىنىڭ خىزمىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى دوكلات قىلدى. يىغىن ئارىلىغىدا لو رۇڭخۇەن (سولدىن 5 ـ كىشى) خې لۇڭ (سولدىن 3 ـ كىشى) قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.



(55) شەندۇڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىنى مۇس-تەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1938 - يىل 11 - ئايدا، لو رۇڭخۇەن (سولدىن 2 - كىشى) چېن گۇاڭ (سولدىن 3 - كىشى) قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بىنائەن 115 - شىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە 686 - تۈەننى باشلاپ، غەربىي سەنشىدىن شەندۇڭغا باردى. 1939 - يىل 3 - ئايدا غەربىي شەندۇڭغا بېرىپ، بۇ جايدا كۈرەش قىلىۋاتقان شەندۇڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ئۇچراشتى.



_115 (56)
شى غەربىي شەن-
دۇڭغا بارغاندىن
كېيىن، لو رۇڭخۇەن
قاتارلىقلارنىڭ
رەھبەرلىگىدە،
ئالدى بىلەن يۈن-
چېڭنىڭ غەربىي
شىمالىدىكى فەنبا
رايونىدا قورچاق
قوشۇنىنىڭ بىر
تۇەنىنى يوقىتىپ،
قانالنىڭ غەربىدىكى
رايونىنى ئازات
قىلدى.



(57) لو رۇڭخۇەن (دوكلات بېرىۋاتقان كىشى) ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 115 ـ شى، شەندۇڭ شۆبە بيۇروسى، شەندۇڭ كالۇنىسىدىكى كادىرلارغا 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، بىرلىك سەپتىكى مۇستەقىل ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى.




(58) غەربىي
شەندۇڭدىكى دۆش-
مەن ئارقا سەپلى-
رىدە بولغان
كۆرەشتە، جەڭ
كۆپ، شارائىت
مۈشكۈل ئىدى،
لو رۇڭخۇەن بىلەن
ئايالى لىن يوچىن
بالىسىغا قاراشقا
چولىسى تەگمى-
گەچكە، 4 ئايلىق
ئوغلى "دۇڭجىڭ"
نى دىخانلارنىڭ
بىقىپ بېرىشىگە
تاپشۇرۇپ بەردى.



(59) لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلار لياڭشەن جېڭىدە غەنىمەت ئېلىنغان زەمبىرەك ئەينىكى بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى كۈزەتمەكتە. 1938 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، لو رۇڭخۇەن بىلەن چېن گۇاڭلار قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ غەربىي شەندۇڭ تۈزلەڭلىگىدىكى لياڭشەندە بولغان جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، ياپون ئارمىيىسىنىڭ 300 نەچچە كىشىسىنى يوقاتتى، بۇ هال ئارمىيىمىزنىڭ تۈزلەڭلىكتە پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ چىڭىتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




(60) 1939 ـ يىل 10 ـ ئايدا، سىياسى كومىسسار لو رۇڭخۇەن (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) مۇۋەققەت شىجاڭ چېن گۇاڭ (سولدىن ـ 2 ـ كىشى) بويىرۇقىغا بىنائەن 115 ـ شىغا قاراشلىق ئورگان ۋە 686 ـ تۇەننى باشلاپ، تيەنجىن ـ پۇكۇ تۆمۈريولىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي شەندۇڭغا كىرىپ جەنۇبىي شەندۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى



(61) 1939 ـ يىلى كۈزدە، شەندۇڭنىڭ خۇشى رايونىدا ”تروتسكىچىلارنى تازىلاش“ دېگەن خاتا ۋەقە يۈز بېرىپ، بىرمۇنچە كادىرلار ئۆلتۈرۈلدى. لو رۇڭخۇەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېچىلەپ خۇشىغا بېرىپ، بۇ ۋەقەنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، قولغا ئېلىنغان يولداشلارنى قويۇپ بېرىپ، خۇشى ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇردى.

www.uyghurkitap.com



(62) لو رۇڭخۇەن ۋە 115 ـ شىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرىي كادىرلىرى جەنۇبىي شەندۇڭدا. 115 ـ شىنىڭ ئاساسىي قىسمى جەنۇبىي شەندۇڭغا كىرگەندىن كېيىن، لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىزان ئۇرۇشى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلۇپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاممىنى قوزغاپ، ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك قورااللىق كۈچلەرنى قۇرۇشىغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى كېڭەيتىشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ بېرىلدى.



www.uyghurkitap.com

(63) دۇشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، تەمىنات قىس ئىدى. لو رۇڭخۇەن كۆپچىلىككە ئوخشاش جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى. لاۋازىمات ئىشلار باشلىغى ئۇنىڭ كىيىۋالغان خېيىدىن بارماقلىرى چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا لاتا خەي ئېلىپ بەرگەندە، ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى ھەمدە مۇنداق دېدى: "بىز ئالاھىدە بولۇۋالساق بولمايدۇ... لاۋازىمات ئىشلىرىنى كۆپرەك تۆۋەنگە قارىتىشىمىز كېرەك، چۈنكى، تۆۋەندە ئادەم كۆپ."



(64) 1940 ـ يىل 9 ـ ، 10 ـ ئايلاردا، 115 ـ شى جەنۇبىي شەندۇڭدىكى
تيەنباۋ رايونىنى ئازات قىلدى ھەمدە بۇ يەردە كادىرلار يىغىنى ئاچتى.
سىياسى كومىسسار لو رۇڭخۇەن يىغىندا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى
كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، "پارتىيە ئۈچۈن پولاتتەك نەمۇنىچى
ئارمىيە قۇرايلى!" دىگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن ئارىلىقىدا ئۇ
(ئارقا رەت، ئوڭدىن 4 ـ كىشى) يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىلەن
بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

www.uyghurkitap.com



(65) 1941 ـ يىل 8 ئايىنىڭ 1 ـ كۈنى، قىسمىنىڭ ھەربى ـ سىياسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 115 ـ شى بىنخەي رايونىدىكى لىنشۇ ناھىيىسىنىڭ جياۋلۇگۇەن دىگەن يېرىدە 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى ھەربى ـ سىياسى پارات ئۆتكۈزدى. 22 ـ كۈنى سىياسى خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، سىياسى كومىسار لو رۇڭخۇەن دوكلات بەردى.



(66) 1941 ـ يىل 8 ـ ئايدا، شەندۇڭدىكى ئار ـ مىيىمىز راۋاجلىنىپ 80 مىڭ كىشىگە يەتتى. بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيو ـ رۇغى بويىچە جۇرۇي (ئوڭدىن 2 ـ كىشى)، لو رۇڭخۇەن (سولدىن 2 ـ كىشى)، لى يۈ (سولدىن 3 ـ كىشى)، چېن گۇاڭ ـ دىن تەركىپ تاپ ـ قان شەندۇڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلدى، جۇرۇي شۇجى بولدى ھەمدە يېڭىدىن شەندۇڭ ھەربىي ـ سىياسى كومىتېتى قۇرۇلدى، لو رۇڭخۇەن شۇجى بولدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

(67) 1941 ـ يىلى قىشتا، 50 نەچچە مىڭ كىشىلىك ياپون ئارمىيىسى يىمىڭشەن رايونىدا چوڭ "تازىلاش" ئېلىپ باردى. 115 ـ شىنىڭ ئىشتاۋى، شەندۇڭ شۆبە بىيۇروسى ئورگىنى دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىياسىي كومىسسار لو روڭخۇەن قىلچە تەمتىرىمەي، قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ، گوگوم چۈشكەندە بىر ئوقمۇ ئاتماي دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن ئۇستىلىق بىلەن چىقىپ كەتتى.




(68) يەمبڭ-
شەن رايونى.
سياسى كومسار
لو رۇڭخۇەن
قسمنى باشلاپ
مۇھاسىرىنى بۇزۇپ
چىقىپ 'كەتكەندىن
كېيىن يەنە يەمبڭ-
شەن رايونىغا قاي-
تىپ كېلىپ، تار-
قىلىپ پارتىزانلىق
ئۇرۇشى ئېلىپ
بېرىش ئۇسۇلى
بىلەن دۈشمەنگە
زەربە بېرىپ، 50
نەچچە كۈن جاپاغا چىداپ ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر دۈشمەننىڭ
چوڭ "تازىلاش" ھەركىتىنى تارمار قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


略談連隊政治工作問題

(69) سىياسى كومىسسار لو رۇڭخۇەن لىيەندۈينىڭ سىياسى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1942 ـ يىل 3 ـ ئايدا، مەخسۇس 115 ـ شىنىڭ لىيەندۈي سىياسى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا، ئۇ لىيەندۈي سىياسى خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى، ئىستىلى، ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سىستېمىلىق يوليورۇق بەردى، كېيىن يەنە ماقالا يېزىپ لىيەندۈي سىياسى خىزمىتى مەسىلىسىنى بايان قىلدى.




(70) 1942 ـ يىل 4 ـ ئايدا، يولداش ليۇ شاۋچى (سولدىن 3 ـ كىشى) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن شەندۇڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلارنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلغان دەپ ماختىدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




(71) غەلىبە گۈلىنى سۇغىرىش يولىدا ئاقتى ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قېنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ـ خەلق مەڭگۈ ئەسلەيدۇ ئۇلارنى. 1942 ـ يىل 7 ـ ئايدا شەندۇڭ بىنخەي رايونىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا لو رۇڭخۇەن ۋە شەندۇڭدىكى ھەر-قايسى ساھەلەردىكى زاتلار قاتناشتى.




(72) خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەبرىكلەش يىغىنى. 1942 ـ يىلى، دۈشمەننىڭ "پىلە قۇرۇتىدەك كېمىرىشى" ۋە "تازىلىشى"نى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، سىياسى كومىسسار لو رۇڭخۇەن شەندۇڭنىڭ كۆرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، "تايانچ بازا چېگرىسىدىن چىقىش" تاكتىكىسىنى، يەنى تايانچ بازا چېگرىسىدىن چىقىپ دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەندۇڭدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بۇ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناھايىتى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى.




www.uyghurkitap.com

(73) لو رۇڭخۇەن چېن گۇاڭ (سولدىن 2 ـ كىشى)، شياۋ خۇا (ئوڭ‌دىن 1 ـ كىشى) بىلەن بىنخەي رايونىدا. 1942 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ 111 ـ شىسىدىكى 2 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەقىقەتكە قايتقاندا، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر سۇن خۇەنسەيىنىڭ قىسىم‌لىرى ئاشۇ شى تۇرۇشلۇق جيازىشەن رايونىنى بېسىۋالدى. سىياسى كومىسار لو رۇڭخۇەن 115 ـ شىغا قوماندانلىق قىلىپ، خائىنلارغا قارشى 3 ـ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىش جېڭىنى ئېلىپ بېرىپ، جيازىشەن رايونىنى قايتۇرۇۋالدى.




(74) 1942 ـ
يىل 11 ـ ئايدا،
سىياسى كومىسار
لو رۇڭخۇەن «پار-
تىزان ئۇرۇشى
ئېلىپ بېرىشتىكى
تونۇش جەھەتتىكى
بەزى ئېغىشلارنى
تۈگىتىش لازىم»
دىگەن ماقالىسىنى
ئېلان قىلىپ: دۈش-
مەننىڭ ئارقا
سېپىدە، بىز يەنىلا
پارتىزان ئۇرۇشى
قىلىمىز، بەك بال-
دۇر مۇنتىزىم
ئۇرۇشقا ئۆتۈشىمىز
مۇمكىن ئەمەس،
دەپ كۆرسەتتى.




(75) سىياسى كومىسار لو رۇڭخۇەن كادىر، جەڭچىلەرنىڭ مەدىنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى ھەم دائىم يېنىدىكى يولداشلارغا ئومۇمى ساۋات ئۆگىتەتتى. شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنى يېقىملىق ھالدا "بىزنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىمىز" دەپ ئاتايتتى.

www.uyghurkitap.com



(76) سىياسى كومىسار لو رۇڭخۇەن يولداشلارغا چەكسىز كۆيۈنەتتى. بىر كۈنى، ئۇ خېبېي - شەندۇڭ چېگرا رايونىغا خىزمەتكە يۆتكەلگەن خۇاڭ رۇڭخەي بىلەن سۆھبەتلەشكىنىدە، ئۇنىڭ ياش خالتىسى ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، دائىم كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ شامال كۆزئەينىگىنى ئۇنىڭغا بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا: "ئۇ يەردە بوران - شامال جىق چىقىدۇ، كۆزىڭىز ياخشى ئەمەس ئىكەن، كۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ،" دەپ تاپىلىدى.



毛朱王致一一五師

桓任山東軍區司令兼政委並代師長

桓同志真亥電悉中央已決定你任山東軍區司令兼政委並代

師長陳光同志學習你的病如果還不是很嚴重暫時很難

休息你和分局的意見如何望告。

毛朱王十二日

(77) 1943 ـ
يىل 3 ـ ئايدا،
مەركىزىي ھەربى
كومىتېت يولداش
لو رۇڭخۇەننى
شەندۇڭ ھەربى
رايونىنىڭ قوماند
دانى قوشۇمچە
سىياسى كومىسارى،
115 ـ شىنىڭ سىيا
سى كومىسارى ھەم
مۇۋەققەت شىجاڭى
قىلىپ تەيىنلىدى.



(78) 1943 ـ يىلى ئەتىيازدا، لو رۇڭخۇەن (سولدىن 3 ـ كىشى)نىڭ بۆرەك كېسىلى قاتتىق قوزغالدى. يولداش چېن يى ئۇنى يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە كېلىپ داۋالىنىشقا تەكلىپ قىلدى. خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، ئۇ كېسىلى ساقايماي تۇرۇپلا، شەندۇڭغا قايتىپ كەتتى. يولداش چېن يى خاتىرجەم بولالماي، يېڭى 4 ـ ئارمىيىدە ئىشلەۋاتقان خەلقارا دوست، ئاۋستىرىيىلىك دوختۇر لوسىنت (سولدىن 2 ـ كىشى)نى ئالايىتەن تەكلىپ قىلىپ شەندۇڭغا ئەكەلتۈردى.


www.uyghurkitap.com



(79) 1943 ـ يىل 8 ـ ئايدا، يولداش لو رۇڭخۇەن شەندۇڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەندۇڭ رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە شەندۇڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تۇردە ئىزچىل ئىجرا قىلدى.



(80) قىينچىلىقنى يېڭىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قوماندان لو رۇڭخۇەن شەندۇڭدىكى ئارمىيىمىزنى
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللىنىشقا، دېڭىزنى دائىرىلەپ تۇز ئېتىزلىرىنى بىنا قىلىشقا
رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ كېسەل تۇرۇپمۇ، ئەمگەككە قاتناشتى، جەڭچىلەر
بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى.



(81) يولداش لو رۇڭخۇەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، شەندۇڭدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ئاممىۋى خاراكتېرلىق پارتىزان ئۇرۇشىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەن ئارقا سېپى قورallىق خىزمەت ئەتىردى، تۆمۈريول پارتىزانلىرى ئەترىدىنى تەشكىللەپ، دۈشمەن ئارقا سېپىنىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، ئاممىنى قوزغاپ، تايانچ بازىلاردىكى ئۇرۇشقا كۈچلۈك ماسلاشتى.

www.uyghurkitap.com




(82) دۇشمەن پوتەيلىرىنى بىتچىت قىلىش. 1944 ـ يىلى ئەتىيازدا، شەندۇڭدىكى ئارمىيە، خەلق لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھۇجۇم ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلارنىڭ تايانچ بازىلاردىكى پونكىتلىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى ھەمدە نۇقتىلىق ھالدا چېكىنىۋاتقان تۆمۈريولىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى رايونلارغا كېڭىيىپ، شەندۇڭدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئالاقىسىنى تۇتاشتۇردى.

www.uyghurkitap.com



(83) قوماندان لو رۇڭخۇەننڭ بۆرەك كېسلى ئېغرلشپ، منەلمگەچكە، دائم جرغدا ئولتۇرۇپ جەڭگە قوماندانلق قلدى.


學習毛澤東同志的思想

(一)

羅榮桓

(84) 1944 ـ يىلى "1 ـ ئىيۇل"نى خاتىرىلەش يىغىنىدا، يولداش لو رۇڭخۇەن «يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنەيلى» دىگەن تېمىدا مۇھىم دوكلات بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




(85) 1944 ـ يىلى كۈزدە، قوماندان لو رۇڭخۇەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان شەندۇڭ ھەربى رايوننىڭ ھەربى خىزمەت يىغىنىدا دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربى ئىشلار فاڭجېنى بەلگىلىنىپ، ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. يىغىن ئارىلىقىدا، قوماندان لو رۇڭخۇەن (سولدىن 1 ـ كىشى) يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.




(86) شەندۇڭدىكى پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز شەندۇڭ شۆبە بيۇروسى
ۋە لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاممىنى چوڭقۇر
قوزغاپ، ئىجارە ھەققىنى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرغاچقا، كەڭ دېخانلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزغىن-
لىقى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئارمىيىگە، ئۇرۇشقا قاتنىشىش دولقۇنى بارلىققا
كەلدى.

www.uyghurkitap.com




(87) 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلار يولداش ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما بېرىپ، مەركىزىي كومىتېت ھەرقايسى ئىستىراتېگىيىلىك رايونلاردىن سورىغان 10 مەسىلىگە جاۋاپ بەردى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۇلارنىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىنى تارقاتتى ھەم ئۇلارنىڭ لۇشيەنى توغرا دەپ ھېساپلىدى.



(88) زور تۆركۆمدىكى قورچاق قوشۇن ھەقىقەتكە قايتتى. 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدا، لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلار ھەرقايسى قىسىملارغا پايدىلىق ھەربى كۆرەش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك سىياسى ھۇجۇم قوزغاپ زور تۆركۆمدىكى قورچاق قوشۇنلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. شەندۇڭدا ھەقىقەتكە قايتقان زور تۆركۆمدىكى قورچاق قوشۇنلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 4 مۇستەقىل لۇ قىلىپ تەشكىللەندى.


www.uyghurkitap.com


關於民主檢查的幾個問題

第一個問題：分局領導方面的問題


(89) لو رۇڭخۇەننىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدە قىلغان دوكلادى.

1944 ـ يىلى قىشتا، شەندۇڭدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدە، بەزىلەر كاڭ شىڭ يەنئەندە يولغا قويغان "جىددىي قۇتقۇزۇش ھەركىتى" تەجرىبە- لىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ شۇ يېتى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇنى يولداش لو رۇڭخۇەن شۇ زامات توسۇپ، شەندۇڭدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىنى ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.



(90) 7 ـ قۇرۇلتاينىڭ يىغىن مەيدانى. 1945 ـ يىل 4 ـ ئايدا، پارتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى يەنئەندە ئېچىلدى. يولداش لو رۇڭخۇەن خىزمەت ئالدىراش بولغاچقا يىغىنغا قاتناشمىدى. يىغىندا يولداش لو رۇڭخۇەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(91) 1945 ـ يىلى لو رۇڭخۇەن شەندۇڭدىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار بىلەن بىللە. شەندۇڭدىكى ئارمىيە، خەلق لو رۇڭخۇەن قاتارلىق ـ لارنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1945 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ 10 نەچچە مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى، بۇنىڭ بىلەن شەندۇڭدىكى 5 ئىستىراتېگىيىلىك رايون، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، چىڭداۋ ـ جىنەن تۆمۈريولىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ دائىرىدە تۇتاش ـ تۇرۇلۇپ، كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇم ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىندى.




(92) 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يولداش لو رۇڭخۇەن شەندۇڭ شۆبە بيۇروسى، شەندۇڭ ھەربى رايونى ئورگىنىدا ئۆتكۈزۈلگەن "1 ـ ئىيۇل"نى خاتىرىلەش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، پۈتۈن رايوندىكى ئارمىيە، خەلقتىن پارتىيە 7 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ لۇشيەنىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




(93) 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، لو رۇڭخۇەن «ئومۇمى قايتۇرما ھۇجۇم ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان شەندۇڭ ئازات رايونى» دېگەن تېمىدا ماقالا ئېلان قىلىپ، شەندۇڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 8 يىللىق ئۇرۇشنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئومۇمى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھارپىسىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.




(94) لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەننى قەتئىي ئىجرا قىلىشى ئارقىسىدا، شەندۇڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاپانچ بازىلار شىددەت بىلەن راۋاجلاندى، 1945 ـ يىل 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ئاھالىسى 17 مىليونغا، 8 ـ ئارمىيىسىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى، پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ ئادەم سانى 200 مىڭغا، مىنبىگلار 500 مىڭغا، خەلق قوغدىنىش قوراللىق كۈچى 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى.


www.uyghurkitap.com

(95) 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ «ياپون قاراقچى‌لىرىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ» دېگەن باياناتنى ئېلان قىلدى. 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرى، باش قوماندان جۇ دې پۈتۈن ئارمىيىنى تېز ئىلگىرىلەپ، ياپون ئارمىيىسىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرىدى. لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلار باش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ بۇيرۇغىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، شەندۇڭ رايونىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، ئومۇمى يۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.



(96) شەندۇڭدىكى ئارمىيە، خەلق سىلىڭيۇەن لو رۇڭخۇەن قاتارلىق-
لارنىڭ قوماندانلىقىدا، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى شەھەر ۋە مۇھىم قاتناش
يوللىرىغا بەش يۈنىلىشتىن كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئىلگىر-
كېيىن بولۇپ 46 ناھىيە بازىرى، 6 پورت، 35 پويىز ئىستانسىسىنى ئازات
قىلىپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، شەندۇڭدىكى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.



(97) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جياڭ جېيشى غەلىبە مېۋىسىنى تالىشىپ، ئومۇمى يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىماقچى بولدى. 9 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى "شىمالغا تەرەققى قىلىش، جەنۇپتا مۇداپىئە قىلىش" دېگەن يولىيورۇقنى چىقاردى. لو رۇڭخۇەن مەركىزىي ھەربى كومىتېتنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، شەندۇڭ ھەربى رايونىنىڭ 60 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاساسىي قىسمىنى باشلاپ، كېمە بىلەن دېڭىزدىن ئۆتۈپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



(98) يولداش
لو رۇڭخۇەن 11 ـ
ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا
شىنجاڭغا بىرىپ،
12 ـ ئايدا شەرقىي
شىمال دېموكرا-
تىك بىرلەشمە ئار-
مىيىسىنىڭ مۇئاۋىن
سىياسى كومىسارى
بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(99) لو رۇگخۇەن قاتارلىقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شەرقىي شىمالدا مۇستەھكەم تايانچ بازا قۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، قىسمغا ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئوبدان ئىشلەشنى بۇيرىدى. 1946 ـ يىل 4 ـ ئايدا، يولداش لو رۇگخۇەنىڭ بۆرەك راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، 7 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىشقا باردى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) شياۋ خۇا (سولدىن 1 ـ كىشى) قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.



(100) سوۋېت
ئىتتىپاقىدا يولداش
لو رۇڭخۇەنىنىڭ
بىر بۆرىكى ئېلىپ
تاشلاندى، دوختۇر
ئۇنىڭ ئۇزاق مۇد-
دەت دەم ئېلىشنى
تاپىلىغان بولسىمۇ،
ئۇ دوختۇرنىڭ
نەسىھىتىگە قارى-
ماي، 1947 - يىل
6 - ئايدا ۋەتەنگە
قايتىپ كېلىپ،
جىددى خىزمەتكە
كىرىشىپ كەتتى.
7 - ئايدا ئۇ خار-
بىندا ئاتاقلىق ياز-
غۇچى جۇ ئېرفۇ
بىلەن كۆرۈشتى.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



(101) يولداش لو رۇڭخۇەن خاربىندا نۇرغۇن كادىرلارنىڭ باللىرد-
نىڭ ئوقۇشىغا مەكتەپ يوقلۇغىنى كۆرۈپ، ئايىلى يولداش لىن يۆجېننى
سەپەرۋەر قىلىپ خىزمەتسىز ئائىلە تەۋەلەرنى تەشكىللەپ، پەرزەنتلەر
مەكتىۋى ئېچىپ، باللارنى تەربىيلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.



(102) يولداش لو رۇڭخۇەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي شىمالدىكى ئارمىيەمىزنىڭ سىياسى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى ھەمدە ئارقا سەپ تەمىناتى قىسىملىرىنى ۋە تېخنىك ئەسكەر تۈرىنى بەرپا قىلىش، ھەربى مەكتەپ قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، شەرقىي شىمالدىكى ئارمىيەمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى تادرېسى
www.uyghurkitap.com

(103) ئىككىنچى سەپ بىڭتۇەنى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش يۈزىسىدىن قەسەمىيات يىغىنى ئاچتى. يولداش لو رۇڭخۇەن شەرقىي شىمالدىكى ئارمىيەمىزنىڭ ئىككىنچى سەپ بىڭتۇەنىنى تەشكىللەش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى، نەتىجىدە شەرقىي شىمالدىكى ئارمىيەمىز قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ 1 مىليونغا يېتىپ، شەرقىي شىمال جېڭىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت يارىتىلدى.



(104) يولداش لو رۇڭخۇەنىڭ شۇاڭچېڭدىكى قوماندانلىق ئورنى. ئۇ بۇ يەردە شەرقىي شىمالدىكى ئارمىيەمىزنىڭ 1947 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ئېلىپ بارغان كۈزلۈك ھۇجۇمى ۋە قىشلىق ھۇجۇمىغا قاتناشتى ۋە قوماندانلىق قىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدا دۈشمەننىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلىپ، شەرقىي شىمالنىڭ 99 پىرسەنت زېمىنى ئازات قىلىندى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(105) 1948 ـ يىل 2 ـ ئايدا، يولداش لو رۇڭخۇەن شەرقىي شىمال خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسى خىزمەت يىغىنىدا دوكلات بەردى. ئۇ، خەلق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شەرقىي شىمالدىكى دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى بولۇپمۇ شىمالىي جۇڭگودىكى جەڭگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، زور كۆلەملىك ئارمىيە قۇرۇشىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتتى.



(106) 1948 ـ
يىل 8 ـ ئاينىڭ
1 ـ كۈنى، 6 ـ نۆ-
ۋەتلىك مەملىكەت-
لىك ئەمگەكچىلەر
يىغىنى خاربىندا
ئېچىلدى، يولداش
لو رۇڭخۇەن شەر-
قىي شىمال بيۇرو-
سى ۋە شەرقىي
شىمال ھەربى
رايونىغا ۋاكالىتەن
يىغىندا تەبرىك
نۇتقى سۆزلىدى.



(107) 1948 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ئازاتلىق ئۇرۇش ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا قەدەم قويدى. كۆرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شەرقىي شىمال ھەربى رايونى دالا ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، يولداش لو رۇڭخۇەن شەرقىي شىمال دالا ئارمىيىسىنىڭ سىياسى كومىسسارى قوشۇمچە شەرقىي شىمال ھەربى رايونىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(108) 1948 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە، سىياسى كومىسسار لو رۇڭخۇەن (سولدىن 1 ـ كىشى) لياۋنىڭ ـ شېنياڭ جېڭىگە قوماندانلىق قىلىشقا قاتناشتى. بۇ جەڭ 52 كۈن داۋام قىلىپ، دۈشمەننىڭ 470 مىڭ ئادىمى يوقىتىلىپ، شەرقىي شىمال ئازات قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇساپىسى تېزلىتىلدى.



(109) لياۋنىڭ ـ شېنياڭ جېڭدە، سىياسى كومىسسار لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلار ھەربى كومىتېتنىڭ بېيپىڭ ـ لياۋنىڭ سېپىگە يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن جىنجۇنى ئازات قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇغىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، قىسىملارنى چوڭقۇر سەپەرۋەر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈگى ۋە كېرەكلىك بولغان ماددى ئەشيالارنى پائال غەملەپ قىسىمنىڭ جەنۇپقا بېرىپ جەڭ قىلىشتىكى ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



(110) سياسى كومىسسار لـورۇڭـ خۇەن ئالـدىنـقـى سەپ جىيندىسىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(111) 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئارمىيىمىز جىنجۇنى ئېلىپ، دەرھال غەربىي لياۋنىڭغا بېرىپ جەڭ قىلىپ شېنياڭنى ئېلىپ، پۈتۈن شەرقىي شىمالنى ئازات قىلدى.



(112) لياۋنىڭ ـ شېنياڭ جېڭىدىن كېيىن، 4 ـ دالا ئارمىيىسى بۇيرۇققا
بىنائەن شەنخەيگۇەنگە كىرىپ جەڭ قىلدى. لو رۇڭخۇەن، لىن بياۋ،
نيې رۇڭجېنلار بېيپىڭ ـ تيەنجىن باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتى بولۇپ
تەشكىللىنىپ، شەرقىي شىمال دالا ئارمىيىسى بىلەن شىمالىي جۇڭگو دالا
ئارمىيىسگە قوماندانلىق قىلىپ، تيەنجىن، بېيپىڭنى ئازات قىلىپ، گومىنداڭ
ئارمىيىسىنىڭ 520 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ
تەشكىللەپ، پۈتۈن شىمالىي جۇڭگونى ئاساسىي جەھەتتىن ئازات قىلدى.



(113) بىيپىڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، سىياسى كومىسار لو رۇڭخۇەن بىيپىڭ چيەنمېن جيەنلۇ راۋىغىدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە كىرگەن قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

www.uyghurkitap.com



(114) 1949 ـ
يىل 4 ـ ئايدا،
ماۋجۇشى ۋە باش
قوماندان جۇ دې
«پۈتۈن مەملىكەتكە
يۈرۈش قىلىش
بۇيرۇغى»نى
چىقاردى. 4 ـ دالا
ئارمىيىسى بۇيرۇققا
بىنائەن داۋاملىق
جەنۇپقا قاراپ
يۈرۈش قىلدى.
سىياسى كومىـ
سار لو رۇڭخۇەن
جەنۇپقا يۈرۈش
قىلىشقا سەپەرۋەر
قىلدى. 6 ـ ئايدا
ئوتتۇرا جۇڭگو
بيۇروسى ۋە ئوتـ
تۇرا جۇڭگو ـ ھەربى
رايونى قۇرۇلۇپ، لو رۇڭخۇەن ئوتتۇرا جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 2 ـ
شۇجىسى قوشۇمچە ھەربى رايوننىڭ سىياسى كومسارى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(115) سىياسى مەسلىھەت كېڭشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشقان
4 ـ دالا ئارمىيسىنىڭ ۋەكىللىرى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق
سىياسى مەسلىھەت كېڭشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمى يىغىنى بېيجىڭدا
ئېچىلدى. لو رۇڭخۇەن (ئالدىنقى رەت، سولدىن 3 ـ كىشى) 4 ـ دالا
ئارمىيسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.



(116) 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يولداش لو رۇڭخۇەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.


www.uyghurkitap.com




(117) مەركە-
زىي خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ رەئىسى ماۋ
زېدۇڭ مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتى
كومىتېتىنىڭ قارا-
رىغا ئاساسەن لو
رۇڭخۇەننى مەركە-
زىي خەلق ھۆكۈ-
مىتى ئالىي تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ باش
تەپتىشى ۋە مەمۇرى
ئىشلار كېڭىشى
سىياسىي - قانۇن
كومىتېتىنىڭ ئەزا-
لىقىغا تەيىنلىدى.



(118) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لو رۇڭخۇەن ئازاتلىق ئارمىيە باش سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى ۋە باش كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىغى بولۇپ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ سىياسى خىزمىتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، كارامەت خىزمەت كۆرسەتكەچكە "باش سىياسى بۆلۈمنىڭ ياخشى مۇدىرى" دەپ تەرىپلەندى.



(119) 1950 ـ يىل 9 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك كۇرەش قەھرىمانلىرى
ۋەكىللىرى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. مۇدىر لو رۇڭخۇەن يىغىنغا قاتناشتى
ھەمدە يىپىلىش مۇراسىمىدا تەبرىك نۇتقى سۆزلەپ، كۆپچىلىكنى مەغرۇر-
لىنىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، مەڭگۈ ئاما بىلەن بىللە تۇرۇش، مەڭگۈ
پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا چاقىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




(120) مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ئارىلى-
غىدا، لو رۇڭخۇەن، جۇ دې، شياۋ خۇا، جاڭ جىنئۇ قاتارلىقلار كۆرەش
قەھرىمانلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.




www.uyghurkitap.com

(121) 1950 ـ
يىلى، مۇدىر لو
رۇڭخۇەن دىڭىز
ئارمىيىسىنىڭ
تۇنجى قېتىملىق
سىياسى خىزمەت
يىغىنىغا قاتناشتى
ھەمدە يىغىندا
مۇھىم سۆز قىلدى.




(122) لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن ئارمىيىدە مەدەنىيەت تەربى-
يىسى ئېلىپ بېرىش ئەھۋالى ھەققىدە ماۋجۇشىغا يوللىغان دوكلادى.
1950-يىلى لو رۇڭخۇەن ئۆز ۋاقتىدا "قىسىمنىڭ تۈرلۈك ھەربىي تېخنىكا
ۋە مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم" دەپ ئوتتۇرىغا
قويىدى. مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ فاڭجېن ۋە پىلانلىرىنى
ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن ئارمىيىگە رەھبەرلىك
قىلىپ مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش دولقۇنىنى قوزغىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


主席：
四十一軍軍長吳克華，在四野中較為老的軍長，四野應該與升任十五兵團副司令員兼四十一軍軍長，我認為可以，請主席批示。
此致
敬禮
羅榮桓

(123) ماۋجۇشى يولداش لو رۇڭخۇەننىڭ ئۇزاق ۋاقىت كېسەلچان تۇرۇپمۇ ئاكتىپ ئىشلەۋاتقانلىغىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولدى. 1950 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ماۋجۇشى لو رۇڭخۇەن يوللىغان بىر دوكلاتنىڭ يېنىغا مۇنداق دەپ تەستىق يازدى: "سىزنىڭ يىغىنلارغا ئازراق قاتناشقىنىڭىز، ھەتتا قاتناشمىغىنىڭىز تۈزۈك، بىرقانچە كادىر بىلەن سۆھبەتلىشىش، ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ تەستىقلاپ بېرىش ئىشلىرىنىلا قىلسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە پايدىلىق بولار، بولمىسا، ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، بۇنى ئويلاپ كۆرەرسىز."




(124) يولداش لو رۇڭخۇەن ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دائىم قىسىملارغا، مەكتەپلەرگە، دېڭىز چېگرا مۇداپىئەسى ئالدىنقى سەپلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. 1953 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ئۇ شياۋجىنگۇاڭ سىلىڭيۈەنىنىڭ ھەمرالىغىدا دېڭىز ئارمىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(125) 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدا، يولداش لو رۇڭخۇەن تەن جېڭ قاتار-
لىق يولداشلار بىلەن گۇاڭجۇدا ئوتتۇرا جەنۇپ ھەربى رايوننىڭ ھاۋا
مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.


主席：


中國人民解放軍政治工作條例，經過一年多的研究，反復多次修改，共寫出草案二十種。其中主要的四種（政治工作條例總則、中國共産黨軍隊委員會條例、政治委員工作條例、總政治部工作條例），已經過全國軍事系統黨的高級幹部會議審查通過，近又經中央政治局審查同意。因政治工作條例數量太多，不便全部送審，現僅將主要的四種，並附頒發命令（草稿），呈請主席審閱，其餘十六種（目錄附後）則擬送軍委例會審查。是否可行，請批示。

敬禮

羅榮桓 傅鍾 蕭華 甘泗淇

三月十日

(126) لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلارنىڭ ماۋجۇشىغا يازغان خېتى 1954 ـ يىلى لو رۇڭخۇەن قاتارلىقلار باش سىياسىي بۆلۈمگە رەھبەرلىك قىلىپ تەييارلىغان خىزمەت نىزامىدا، ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمەت تەجرىبىلىرى سىستېمىلىق يەكۈنلىنىپ، يېڭى دەۋردە گۈتيەن يىغىنىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، سىياسىي خىزمەتنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىملىقى تەكىتلەندى.



www.uyghurkitap.com

(127) لو رۇڭخۇەننىڭ (ئالدىنقى رەت، ئوڭدىن 4 ــ كىشى) ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇ دې قاتارلىق دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى. 1954 ــ يىل 9 ــ ئايدا ئۇ 1 ــ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ــ يىغىنىغا قاتنىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندى ھەمدە دۆلەت مۇداپىئەسى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلەندى.



(128) 1955 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ مەملىكەت-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ 22 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ قارارىغا
ئاساسەن، لو رۇڭخۇەنگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مارشالى ئۇنۋانىنى
بەردى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(129) لو رۇڭخۇەننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتا كۆر-
سەتكەن غايەت زور تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن مارشال لو رۇڭخۇەنگە
1 - دەرىجىلىك 1 - ئاۋغۇست ئوردېنى، 1 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق -
ئەركىنلىك ئوردېنى، 1 - دەرىجىلىك ئازاتلىق ئوردېنى بەردى.




(130) 1955 ـ يىل 11 ـ ئايدا، مارشال لو رۇڭخۇەن مارشال پېڭ
دېخۇەي، مارشال نيې رۇڭجېن، مارشال يې جيەنيىڭ قاتارلىقلار بىلەن
هاۋا ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى.



www.uyghurkitap.com

(131) مارشال لو رۇڭخۇەن سىياسى شۆيۇەندە سۆز قىلىۋاتىدۇ. مەركىزىي ھەربى كومىتېت ئۇنىڭ ھەرقايسى ھەربى رايونلار سىياسى كادىرلار مەكتىۋى ئېچىش، ھەربى كومىتېت يۇقۇرى دەرىجىلىك سىياسى كادىرلار مەكتىۋى ئېچىش ھەققىدىكى تەكلىۋىنى تەستىقلىدى. ھەربى كومىتېت يەنە ئۇنى قوشۇمچە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى سىياسى شۆيۇەنىنىڭ باشلىغى قىلىپ بەلگىلىدى.



(132) مارشال لو رۇڭخۇەن سىياسى شۆيۇەننىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ.



(133) مارشال لو رۇڭخۇەن دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپ، قاتتىق
چارچايدىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھەر ۋاقىت سىياسى شۆيۇەنىنىڭ قۇرۇ-
لۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ دائىم سىنىپ، ياتاقخانىلارغا كىرىپ ئوقۇتۇش ۋە
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگەللەپ تۇردى.


www.uyghurkitap.com



(134) 1955 ـ يىلى، مارشال لو رۇڭخۇەن شياۋ جىڭگۇاڭ داجياڭ، تەن جېڭ داجياڭ بىلەن ۋۇخەن يۇقۇرى دەرىجىلىك پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىنى كۆزدىن كەچۇردى.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(135) 1956 ـ يىل 9 ـ ئايدا، يولداش لو رۇڭخۇەن (2 ـ رەت، سول-
دىن 2 ـ كىشى) پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ھەمدە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ
ئەزالىقىغا سايلاندى.



(136) 1957 ـ يىلى مارشال لو رۇڭخۇەن باش شۇجى دېڭ شياۋپىڭ،
مارشال نيې رۇڭجېن، خۇاڭ كېچېڭ داجياڭ قاتارلىقلار بىلەن ھاۋا
مۇداپىئەسى ئارمىيىسى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسيە قىلدى.

www.uyghurkitap.com



(137) مارشال لو رۇڭخۇەن مارشال جۇ دې، مارشال خې لۇڭ بىلەن
شۇ داگۇاڭ داجياڭنىڭ ھەمرالىقىدا بىرونىك قىسىملىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى
كۆزدىن كەچۈردى.




(138) مارشال لو رۇڭخۇەن مارشال شۇ شياڭچيەن قاتارلىقلار بىلەن
توپچى قىسىملارنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى.



(139) مارشال
لو رۇڭخۇەن جۇڭگو
خەلق ئىنقىلاۋىي
ھەربىي مۇزېيىنى
ئېكسكۇرسىيە
قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(140) 1959 ـ يىلى دۆلەت بايرىمىدا، مارشال لو رۇڭخۇەن، مارشال خې لۇڭ، مارشال نيې رۇڭجېنلار تيەنئەنمېن راۋىقىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(141) 1959 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مارشال لو رۇڭخۇەن بىلەن مارشال يې جيەنيىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇننى كۆردى.



(142) 1961 ـ يىل ئەتىيازدا، مارشال لو رۇڭخۇەن، مارشال خې لۇڭ
نەنجىڭ، فۇجۇ ھەربى رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، جۇشەن
ئارىلىدىكى جەڭچىلەر ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.



(143) كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە، مارشال لو رۇڭخۇەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى ھەمدە نۇرغۇن قېتىم لىيەن كوماندىرلىرى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، قىسىملارنىڭ سىياسى ئىدىيۋى خىزمىتىنى قانداق كۈچەيتىش توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.



(144) مارشال لو رۇڭخۇەن مۇئاۋىن رەئىس دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىللە زاۋۇتلارنى كۆزدىن كەچۈرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(145) يولداش لو رۇڭخۇەن خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش. ئۇ دائىم ئىشچىلار، دېخانلار بىلەن سەمىمى ئەھۋاللىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.




(146) 1959 ـ يىل 4 ـ ئايدا، يولداش لو رۇڭخۇەن 2 ـ نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتنىشىپ، يەنە بىر قېتىم
دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندى ھەمدە داۋاملىق
تۆردە دۆلەت مۇداپىئەسى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلەندى.



(147) 1959 ـ
يىل 5 ـ ئايدا،
مەملىكەتلىك ئىنقى ـ
لاۋىي قۇربانلار،
ھەربىلەرنىڭ ئائىلە
تەۋەلىرى، مېيىپلار،
ھەربىي سەپتىن
قايتقان، كەسىپ
ئالماشتۇرغان ھەر ـ
بىلەر ئاكتىپلىرى
يىغىنى بېيجىڭدا
ئېچىلدى. مارشال
لو رۇڭخۇەن دۆلەت
مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ۋاكالىتەن بىر قىسىم ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى
ھەمدە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى




(148) 1960 ـ يىل 4 ـ ئايدا، مارشال لو رۇڭخۇەن مەملىكەتلىك مىنبىك ۋەكىللىرى يىغىنىدا يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. مارشال لو رۇڭخۇەن قوشۇمچە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مىنبىك خىزمىتى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. مىنبىك خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن تۇتۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىنبىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.


www.uyghurkitap.com



(149) 1961 ـ يىل 2 ـ ئايدا، مارشال لو رۇڭخۇەن ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش خۇ ياۋباڭ بىلەن پۈتۈن ئارمىيە ياشلار خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. مارشال لو رۇڭخۇەن ياشلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: ياشلار ئىتتىپاقى ياشلارنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، كەڭ ياشلارنى پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك.




(150) 1961 ـ يىل 5 ـ ئايدا، مارشال لو رۇڭخۇەن مارشال خې لۇڭ بىلەن بېيجىڭ بالىلار سارىيىغا بېرىپ بالىلارنى يوقلاپ، ئۇلارنى ماۋجۇشى-نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوبدان ئۆگىنىپ، كۈنسايىن يۇقۇرى ئۆرلەشكە ئىلھاملاندۇردى.



(151) مارشال لو رۇڭخۇەن ئىنقىلاۋىي نەزىرىيە ئۆگىنىشنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ دوگمىچىلىققا قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئوغلىغا يازغان خېتىدە: مەسىلە قويۇپ ئۆگىنىش دېگىنىمىز ھەرگىز كىتاپتىن تەييار جاۋاپلارنى تېپىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، تارىخ تەرەققى قىلىدۇ، شەيئىلەر خىلمۇ-خىل بولىدۇ، ئالدىنقىلاردىن ھەممىگە شىپالىق بولغان رېتسىپ يېزىپ قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

www.uyghurkitap.com



(152) 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايىغىچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى لورۇڭخۇەن كېسەل تۇرۇپمۇ 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە، ئۇ ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ باشلىغى جۇ دې مۇئاۋىن رەئىس دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىللە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




(153) مارشال لو رۇڭخۇەن كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەڭ ماھىر ئىدى. ئۇ دائىم: "سىياسى بۆلۈمنى كادىرلار ئائىلىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ يەرگە كەلگەندە يېقىملىق ھېس قىلىدىغان قىلىش كېرەك" دەيتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئۆز ئىدىيىسىنى ئېيتىشنى خالايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى "كادىرلار ئائىلىسى" بولۇپ قالغان ئىدى.



(154) مارشال لو رۇڭخۇەن كادىرلارغا ھەم قاتتىق تەلەپ قويۇاتتى، ھەم كۆيۈنەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئەمدىلا باشقا جايدىن قايتىپ كەلگەن ئىدى، خاتالاشقان بىر كادىر ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇ كادىرنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا، كېسەل تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ دائىم: "كادىرلار خاتالاشقاندا، مېھرى - شەپقەتكە ۋە ياردەمگە تېخىمۇ مۇھتاج" دەيتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



(155) 1963 ـ يىلى مارشال لو رۇڭخۇەنىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، بىراق ئۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن كېسەلگە قارشى ئېلىشىپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.



(156) مارشال لو رۇڭخۇەنىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالغاندا، ئۇ پەرزەنتلىرىگە: "مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرۇپ كېتىدىغان مىراسىم يوق، بىر جۈملە سۆز قالدۇرۇپ كېتەي: كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەقىقەتكە ئىشىنىپ، مەڭگۈ ئىنقىلاپ قىلىڭلار!“دېدى.



(157) يولداش لو رۇڭخۇەن نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە پارتىيە ئۈچۈن سەمىمى ـ ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىپ كەلدى، ئاخىر كېسلى ئېغىرلىشىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1963 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 61 يېشىدا ۋاپات بولدى.



(158) ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىسى يولداش لو رۇڭخۇەن مەڭگۈ ھايات!

本书根据长征出版社1983年 8月第1版北京1第次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ ئۇزۇن سەپەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# مارشال لو رۇڭخۇەن

تۈزگۈچى: جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى مۇزېيى
مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: چېن يۇشيەن
تەرجىمە قىلغۇچى: ما شۇشياڭ
مۇھەررىر: ئوسمان موللەك
مەسئۇل مۇھەررىر: دىلبەر ياقۇپ
نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
تارقاتقۇچى: شىنخۇا كىتاپخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ رىزنىكە مەتبە 2 ـ زاۋۇدى
1985 ـ يىل 11 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1985 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.28 يۈەن

www.uyghurkitap.com

罗荣桓元帅　（维吾尔文）

编 辑 者：中国人民革命军事博物馆
封面设计：陈　玉　先
翻 译 者：马　书　香
校　　订：乌　斯　满
责任编辑：地 丽 白 尔
出 版 者：民 族 出 版 社
发 行 者：新　华　书　店
印 刷 者：北京胶印二厂

开本：787×1092毫米 1/48 印张：3 1/3
1985年11月第1版　北京第1次印刷
印数：00001—4,000册
统一书号：M8049(4)234　定价：0.28元